# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي
10
چارشەنبە
维吾尔文 6 月10日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25088 - سان   بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو - فىلىپپىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ فىلىپپىن زۇڭتۇڭى دۇتېرت بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى فىلىپپىن زۇڭتۇڭى دۇتېرت بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، جۇڭگو - فىلىپپىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن فىلىپپىن دوست قوشنىلار، ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئۇزاق تارىختا ئىگە. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 45 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو - فىلىپپىن مۇناسىۋىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىسى چوڭقۇرلىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى سېجىل كېڭىيىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش نەتىجىلىرى مول بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ھەقىقىي بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلدى، رايون مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

## نامرات ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش «تاماق قاچىسى»نى چىڭ، پۇختا تۇتقۇزۇش

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى جۈنشيا**

«بۇ يەردە خىزمەت قىلغۇاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى، ھازىر ئايلىق كىرىمىم 5000 يۈەندىن ئاشىدۇ.» 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى توقسۇن نېڭخۇا چەكلىك شىركىتىنىڭ كالتسىي كاربىد 3 - سېخىدا، پىچتىن چىقىرىش ئىشچىسى مەمەتتوختى ئابدۇخېلىل ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىدىن مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كۆيا بازىرىدىكى نامرات ئائىلە مەمەتتوختى توقسۇنغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانىدى. ھازىر ئۇ پىشقان كەسىپ ئىشچىسى بولۇپ يېتىلدى، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇپ، ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نەزەر سالساق، مەمەتتوختىغا ئوخشاش نۇرغۇن نامرات ئەمگەك كۈچى پارتىيەنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەندى، قىلىدىغانغا ئىشى بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدى، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە ئەڭ مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، كۆپ نۇقتىدىن كۈچەپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش «تاماق قاچىسى»نى چىڭ، پۇختا تۇتقۇزدى.

**ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاماملاندى**

«مەن بىلەن ئېرىم بۇ يەردە ئىشلەيمىز، ئىككىيلەن ھەر ئايدا 8000 - 9000 يۈەن مائاش ئالالايمىز، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئائىلىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدى» دېدى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسىدىكى بىر كارخانىنىڭ خىزمەتچىسى نۇخان تىلەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا، رايون ھالقىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. 2018 - يىلى، ئاپتونوم رايون دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۈچ يىللىق يېرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، يېرىك پىلان بويىچە، 2018 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 100 مىڭ ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يەكەن ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ھۆددىگە ئېلىش - ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتتى

## ھەممە ئائىلىنىڭ ياردەمچىسى بار بولدى   ھەممە ئاھالىنىڭ چىقىش يولى بار بولدى

تاراتقۇلار كۆزىدىن شىنجاڭغا نەزەر

□ **خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى ياڭ مىڭفاڭ، لى يانەن، خەن لىچۈن**

يەكەن ناھىيەسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى قوشئۆستەڭ كەنتىدە، نامرات ئائىلە قادىر ياسىن كۆكتاتلىقىدا شوخلا سۇغىرىۋاتاتتى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، باش ئەتىيازدا تىكىلگەن سەبدەرگۈللىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ، يېغىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى.

قادىر تەرنى سۈرتىۋېتىپ، يېزا كادىرى ئايشەمگۈل تۇراپ بىلەن سالاملىشىپ: «مايسىلار يامان ئەمەس ئۆستى، بىرمو يەردىن 3000 يۈەن كىرىم قىلىشىمىزدا مەسىلە يوق».

يىل بېشىدىن بۇيان، يەكەن ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ھۆددىگە ئېلىش - ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتتى، كادىرلار ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە ئېلىپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى زورايتتى.

«بۇ يىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسى مايسا يېتىشتۈرۈشكە تەشكىللەپ، تېخنىك تەكلىپ قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدى، سىز نامرات ئائىلە، سىياسەت بويىچە سىزگە ھەقسىز مايسا تارقىتىپ بېرىمىز، ياخشى تېرىسىڭىز زاۋۇت بىۋاستە ئىشىككىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ سېتىۋالىدۇ.» بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، ئايشەمگۈل قادىر ئائىلىسىگە زىيارەتكە بارغاندا، ئۇنىڭ شوخلا ئۆستۈرۈش ياكى سەبدەرگۈل ئۆستۈرۈشتە ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىغان، «زادىلا ياخشى تېرىيالمىسىڭىز، سىزگە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرەي».

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

2 مىليون 930 مىڭ توننا ئامبار سىغىمى بوشىتىلدى

## ئاپتونوم رايونىمىزدا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ يىنىڭ

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىدىن ئىگىلىنىشىچە، ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇغداي جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئارقا - ئارقىدىن ئورۇلۇشقا باشلىغان، يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغىتىلغان. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 2 مىليون 930 مىڭ توننا ئامبار سىغىمى بوشىتىلغان، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى 13 مىليارد 800 مىليون يۈەن قەرز مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشنى تولۇق كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينىڭ بازار ئېھتىياجى ئاشقان، باھا ئەۋزەللىكى روشەن بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك كۆزگى بۇغداينىڭ باھاسىدا بۇلتۇرقىدىن ئازراق ئۆسۈش ھالىتى كۆرۈلگەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئاشلىق سېتىۋېلىشنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى يۆنىلىشىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، بۇغداي پىششىقلاش كارخانىلىرى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلارنىڭ بازارغا كىرىپ سېتىۋېلىشقا ئىلھام بېرىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## پۇقرالارنىڭ «گۆش ئۇستىلى» تېخىمۇ مول، تېخىمۇ بىخەتەر بولدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خې خۇڭۋېي**

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز چارۋىچىلىقنىڭ تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «گۆش ئۇستىلى»نى موللاشتۇرۇپ، 2020 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە گۆش مەھسۇلات مىقدارىنى %4 ئاشۇرۇش، ئاساسلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى %97تىن ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ.

**مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ مىقدارىنى كۆپەيتىش بازار تەمىناتىغا كۈچەپ كاپالەتلىك قىلىش**

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، گۈچۈڭ ناھىيەسى شىدى بازىرىدىكى رۇنيۈەن باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ مەسئۇلى شى لياڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل بازار ئەھۋالى ياخشى، بىزمۇ بېقىش مىقدارىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشۇردۇق، نۆۋەتتە ئانگۇس گۆش كالىسى 300 تۇياققا يەتتى».

2014 - يىلى، شى لياڭ ئاۋستىرالىيەدىن 100 تۇياق ساپ نەسىللىك ئانگۇس سىيرى كىرگۈزۈپ، بۇلتۇر 4 مىليون يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. «بۇ خىل كالا گۆشىنىڭ سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەلكۈن - ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتتە، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەشكە تەشكىللەندى، سەپەرۋەر قىلىندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)




6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ساياھەتچىلەر لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونىدا پۈتۈن يەر شەكلى قۇملۇق دالا ئاپتوموبىلى تۈرىنى ھېس قىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ناھىيە «ساياھەت + تەنتەربىيە» يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە جەلپ قىلدى. □ لى فېي فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى تېزلەتتى

ئالدىنقى تۆت ئايدا ئىستېمال بازىرىدا تۆتتە قايتا ئېشىش كۆرۈلدى

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىنىڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستېمال يوشۇرۇن ئىقتىدارى، ئىستېمالنىڭ قايتا ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ سودا ئىستېمالىنى كېڭەيتىشكە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئاھالە ئىستېمالىغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز بىرتۇتاش پىلانلاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى تېزلەتكەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە ئىستېمال بازىرى تەدرىجىي ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، تۆتتە قايتا ئېشىش كۆرۈلگەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ GDPدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ %27تىن ئېشىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش   ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 370 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ %27تىن يۇقىرى بولۇشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىكەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئومۇمىي پىكىر يولى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىلەن سانائەتلەشتۈرۈشنى يۇغۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەمەلىي قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، «رەقەملىك +» «ئاقىل+»نىڭ مائارىپ، داۋالاش، كۆتۈنۈش، ئەشيا ئوبوروتى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەردە ئەمەلىي قوللىنىش بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش؛ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىقنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، رايون بۆلەك زەنجىرى، نەرسە تورى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)